



دۇنياۋى مەشھۇر چۆچەكلەر خەزىنىسى

# كىچىك ئادەملەر دۆلىتى







مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

تەرجىمە قىلغۇچى : قادىر ئارسلان

# كىچىك ئادەملەر دۆلىتى

دوستۇم گە:

بىز ئىككىمىز چىمەن دوست،
سەن ئالتۇن، مەن كۈمۈش.
دوستلۇق ـ بەخت دەرىخى،
سەن يوپۇرماق، مەن بىر قۇش.

كىتاب كۆڭۈل خۇشلۇقى،
كىتاب ئەقىل بۇلىقى.
بۇ كىتابتا ساقلانسۇن،
ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى.

يىل ئاينىڭ كۈنى.

图书在版编目(CIP)数据

小人国 /(丹)安徒生(Andersen,H.C.)等著；苏真等译；卡德尔·阿尔斯朗译.—北京：民族出版社，2005.5
ISBN 7-105-06939-2

Ⅰ.小... Ⅱ.①安...②苏...③卡... Ⅲ.童话—作品集—世界—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 031852 号

小人国

责任编辑：卡哈尔
责任校对：胡达拜地
制　　版：海龙视觉
出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862(维文室)
印　　刷：宏凯彩印包装有限责任公司
经　　销：各地新华书店
版　　次：2005 年 5 月第 1 版　　2005 年 5 月北京第 1 次印刷
开　　本：787 毫米×1092 毫米　　1/16
印　　张：6.75
印　　数：0001-2000 册
定　　价：12.00 元



# مۇندەرىجە



كىچىك ئادەملەر دۆلىتى ........................................ 1

تىيىن بىلەن تاشپاقا ........................................ 10



توشقاننىڭ تۇغۇلغان كۈنى ........................................ 13

يامغۇرلۇقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ........................................ 16



ئېيىقچاقنىڭ ئۇۋا ياسىشى ........................................ 22

غەلىتە ئىسىم ........................................ 26



چاشقان بىلەن ئاق قۇ ........................................ 34

بىر پاي كونا ئاياغ ........................................ 39



پارپا ۋە پار هارۋىسى ........................................ 42

قەلەي ئەسكەر ........................................ 49



ئالتە ئەزىمەت ........................................ 59

ئەقىللىق دېھقان ........................................ 68



پارپا بىلەن موزدۇز ........................................ 72

ئېيىق قويرۇقى ........................................ 74



پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى ........................................ 76

ئالتۇن بېلىق كۆلى ........................................ 82



سېھىرگەرنىڭ سوۋغىتى ........................................ 88

يەتتە قاغا ........................................ 94



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# كىچىك ئادەملەر دۆلىتى

ئەنگلىيە چۆچىكى (ئەسلي ئەسەر: جوناسىن سۋىفتنىڭ)

بىرنەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى، ئەنگلىيىدە گالىۋېر ئىسىملىك بىر بالا ئۆتكەنىكەن. ئۇ دېڭىز سەپىرىگە قەۋەتلا ئامراق ئىكەن. لېكىن، دادىسى ئۇنىڭ تېبابەتنى ئۆگىنىپ ئۇستا دوختۇر بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. شۇڭا، گالىۋېر ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، دادىسىنىڭ تەلىپى بويىچە دوختۇرلۇق كەسپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئالىي مەكتەپكە كىرىپتۇ.

تۆت يىلدىن كېيىن، گالىۋېر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپتۇ. ئۇ دېڭىزنى ياخشى كۆرگەچكە، «قارلىغاچ» ناملىق كېمىگە تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇپ ئورۇنلىشىپ، بىرنەچچە يىلنى سەپەر بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىر قېتىم، كېمە شەرقىي ھىندى تاقىم ئارىلىغا كېتىۋاتقاندا دېڭىزنى تۇمان قاپلاپ، كەينىدىنلا قارا بوران چىقىپ كېتىپتۇ. كېمىدىكىلەر قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە قېلىپ، قىيا - چىيا قىلىشىپتۇ. كېمىچىلەر شۇنچە تىرىشكەن بولسىمۇ، كېمە خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ كېتىپ قاق ئوتتۇرىدىن يېرىلىپ كېتىپتۇ.

بىر پارچە تاختاينى چىڭ تۇتۇۋالغان گالىۋېر بوران - چاپقۇن بىلەن بىر كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپتۇ.



ئەتىسى ئەتىگەندە، شىمال تەرەپتىن سوققان كۈچلۈك بوران گالىۋېرنى بىر دېڭىز ساھىلىغا ئىتتىرىپ چىقىرىپ قويۇپتۇ. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن گالىۋېر ئەتراپقا قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

بىر چاغدا گالىۋېر ئويغىنىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بوپتۇ، بىراق مىدىرلىيالماپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىكىدىن تاپىنىغىچە ئىنچىكە يىپ بىلەن ئورىۋېتىلگەنلىكىنى بايقاپتۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ باقماقچى بولغانىكەن، بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ چاچلىرىمۇ باغلىۋېتىلگەنىكەن.

ئۇ ئوڭدىسىچە ياتقاچقا ئاسماننىلا كۆرەلەيدىكەن. ھاۋا بارغانسېرى قىزىپ كۈن نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئەتراپىدا قانداقتۇر ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن.



«بۇ نېمە ئىش؟» دەپ ئويلاپتۇ گالىۋېر ۋە ئۇياق - بۇياققا قاراپ باقماقچى بوپتۇ. بىراق، ئۇ شۇنچىلىك چىڭ باغلىۋېتىلگەنىكەنكى، مىدىرلىغۇدەك ئىمكانى بولماپتۇ. شۇ يېتىشىدا ئۇ ئاسماندىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدىكەن.

بىردەمدىن كېيىن، قانداقتۇر بىر جانىۋار گالېۋىرنىڭ سول پۇتى ئۈستىدە مىدىرلاپ، ئاستا-ئاستا مېڭىپ مەيدىسىگە، كېيىن ئېڭىكىنىڭ ئاستىغىچە كەپتۇ.

گالېۋىر بىر ئامال قىلىپ كۆزىنى تۆۋەنگە تىكىپتۇ. قارىسا، بويى ئاران ئون بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر ئادەم ساداقلىرىنى شاراقلىتىپ، ئوقيانى ئۇنىڭغا بەتلەپ تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىرىققا يېقىن ئۇنىڭ تىپىدىكى ئادەملەر كېلىۋاتقۇدەك.

گالېۋىر قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ. ھېلىقى كىچىك ئادەملەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن بەدەر قېچىپتۇ، بەزىلىرى يەرگە دومىلاپ چۈشۈپتۇ.

گالېۋىر بىر ئامال قىلىپ يېنىغا قاراپتۇ. قارىسا، ھېلىقىدەك كىچىك ئادەملەردىن تەشكىل تاپقان چوڭ قوشۇن ئۇنى باغلىغان يىپلارنى ھە دەپ كېسىۋاتقۇدەك.

بىردەمدىن كېيىن، بايا قېچىپ كەتكەنلەر يەنە قايتىپ كەپتۇ. ئەڭ



دەسلەپ كەلگىنى ئۇلارنىڭ قوماندانى بولسا كېرەك، چىرقىراق ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپتۇ. باشقىلىرىمۇ ئۇنىڭ دېگىنىنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاپتۇ.

گالېۋىر ئىما-ئىشارەت قىلىپ ئۆزىنىڭ بەك ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۇسسۇلۇق بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

كىچىك ئادەملەرنىڭ قوماندانى بىر
ئىسقىرتقانىكەن، ھارۋا - ھارۋىلاردا ئىچىم-
لىك قاچىلانغان تۈڭلەر كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئات-
ھارۋىلارمۇ بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاشلا
كىچىك ئىكەن.

گالىۋېر ئەللىك تۈڭ ئىچىملىكنى بىر-
دەمدىلا ئىچىپ بوپتۇ، مىلتىق ئوقىنىڭ
چوڭلۇقىدىكى بىر مۇنچە بولكىلارنى يەۋېتىپ-
تۇ.

باغلاقتىن بوشانغان گالىۋېر بۇ كىچىك
ئادەملەرنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن ئەن-
سىرەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىپ-
تۇ. كىچىك ئادەملەر خىلمۇخىل قول ئىشا-
رىلىرىنى قىپتۇ، گالىۋېر ئۇلارنىڭ ئۆزىنى
ئورنىدىن تۇرۇپ بىللە مېڭىشقا بۇيرۇۋاتقان-
لىقىنى ئۇقۇپتۇ.





ئۇلار گالىۋېرنى كاتتا
بىر چېركاۋنىڭ ئالدىغا باش-
لاپ كەپتۇ. بۇ يەرگە پادى-
شاھ ۋە دۆلەت ئەربابلىرى
يىغىلغانىكەن.

كىچىك ئادەملەر گالى-
ۋېردىن ئۇنىڭ قېچىپ كەت-
مەسلىكى ئۈچۈن بىر پۇتىغا
ئىشكەل سېلىپ قويۇشنى
تەلەپ قىپتۇ. ئۇلارنىڭ
ئىشكەللىرى قىلدەك ئىنچى-
كە ئىكەن. گالىۋېر بۇنىڭغا
ماقۇل بوپتۇ. چۈنكى، ئۇ
خالىغان چاغدا بۇ زەنجىر-
لەرنى ھېچقانچە كۈچ
سەرپ قىلمايلا ئۈزۈۋېتەلەي-
دىكەن. شۇنداق قىلىپ،
كىچىك ئادەملەر گالىۋېر-
نىڭ سول پۇتىغا توقسان بىر
ئىشكەل، ئوتتۇز ئالتە قۇ-
لۇپ سېلىپ قويۇپتۇ.



كىچىك ئادەملەر دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر كۈنلەردە پايدىسى تېگىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ، گالىۋېرنى ياخشى بېقىشنى قارار قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ پەرمان چىقىرىپ، گالىۋېرنى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئالتە كالا، قىرىق قوي، يېتەرلىك بولكا ۋە ئىچىملىك بىلەن تەمىنلەشكە بۇيرۇق قىپتۇ، بۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتنى دۆلەت خەزىنىسىدىن چىقىم قىلماقچى بوپتۇ.

پادىشاھ يەنە گالىۋېرغا ئالتە يۈز چاكار بەلگىلەپتۇ ۋە گالىۋېر ياتقان چېركاۋنىڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چېدىر تىكتۇرۇپ بېرىپتۇ.

كىچىك ئادەملەر گالىۋېرنى ھەقىقەتەن ياخشى بېقىپتۇ. چۈنكى، بۇ ئەلنىڭ ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست پۇقرالىرى ئاجايىپ ئىشتىھالىق بۇ گىگانت ئادەمنىڭ ئاچ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.



بىر كۈنى گالىۋېر كىچىك ئادەملەر دۆلىتىدىكىلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بوپتۇ.

ئۇ تاپانچىسىنى قولىغا ئاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوق سالماي دورا سېلىپلا ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئېتىپتۇ. دەھشەتلىك ئوق ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن كىچىك ئادەملەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ھوشىدىن كېتىپ خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئېسىگە كەپتۇ.



گالىۋېر كېمە غەرق بولۇشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ تاپانچا، يانچۇق سائەت، ساقال ئالغۇچ قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىۋالغانىكەن. پادىشاھ بۇ نەرسىلەرگە بەك قىزىقىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گالىۋېر ئۇنىڭغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىشلى-تىلىدىغان جايلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

گالىۋېر قىلىچىنى يەڭگىلگىنە بىر شىلتىپ بىرنەچچە تۈپ دەرەخنى كېسىۋەتكەنىكەن، پادىشاھ تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ.

مۇھاپىزەتچىلەر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە گالىۋېرنىڭ قىلىچ، تاپان-چا قاتارلىق نەرسىلىرىنى دۆلەت خەزىنىسىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى كىچىك ئادەملەر دۆلى-تى پادىشاھنىڭ خەۋەرچىسى ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كېلىپ، گالى-ۋېرغا:

— تېز بول، پادىشاھ ئالىيلىرى سېنى ئوردىدا قوبۇل قىلماقچى! — دەپتۇ.

گالىۋېر ئىككى قەدەم ئاتلاپلا ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئوردىسى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىكەن. ئوردا گالىۋېرغا نىسبەتەن تولىمۇ كىچىك بولغاچقا، ھويلىسىدا يەر بېغىرداپ يېتىپ پادىشاھ بىلەن سۆزلىشىشكە توغرا كەپتۇ.





此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

كىچىك ئادەملەر دۆلىتىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بىلېفۇسكۇ دېگەن ئارال دۆلىتى بار ئىكەن. بۇ ئىككى دۆلەت ئۇزاقتىن بېرى چىقىشالماي كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرقانچە قېتىم ئۇرۇش يۈز بەرگەنىكەن.

— ئۇلار ھازىر زور كېمە قوشۇنى ئۇيۇشتۇرۇپ بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ، — دەپتۇ پادىشاھ گالېۋىرغا، — سەن باتۇر ھەم كۈچلۈك ئىكەنسەن، دۆلىتىمىزگە ياردەم بەرگىن.

گالېۋىر پادىشاھنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ، ئەمما:

- ئىككى شەرتىم بار: بىرىنچى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك، ئىككىنچى، غەلىبىدىن كېيىن پادىشاھ مېنىڭ يۇرتۇمغا قايتىشىمغا رۇخسەت قىلىشى لازىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ شۇ ھامان ماقۇل بوپتۇ.

گالېۋىر نۇرغۇن ئارغامچا ۋە سىم تەييارلىتىپتۇ، ئاندىن كېيىن دېڭىزدا ئۈزۈپ بىلېفۇسكۇ دۆلىتىنىڭ ئۇرۇش كېمىلىرىگە يېقىنلىشىپتۇ.

دۈشمەنلەر گالېۋىرغا قارىتىپ نەچچە مىڭ پاي ئوقيا ئېتىپتۇ. ئوق تەگكەن يەرلەر چىمىلداپ ئاغرىپتۇ، ئەمما گالېۋىر بۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ.





گالېۋىز ئارغامچا پىششىق بولسۇن دەپ ئۇچ قەۋەت قىلىپ ئەشكەن، سىملارنىڭ ئۇچىنى قارماققا ئوخشاش ئەگكەن ۋە بۇنداق قارماقتىن ئەللىك دانىنى ياساپ ھەربىرىنى بىردىن ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا باغلىۋالغانىكەن.

گالېۋىز دۈشمەننىڭ ئەللىك كېمىسىنى قارماقلار بىلەن ئىلىپ سۆرەشكە باشلاپتۇ. بېلېفۇسكۇلۇقلار بۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشكە قارىغىنىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىشىپتۇ.

گالېۋىز دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىگە كەلگەندە، قولىنى بىر شىلتىغانىكەن، دۈشمەننىڭ كېمىلىرى ئۈڭتۈرۈلۈپ دېڭىز تېگىگە چۆكۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىچىك ئادەملەر دۆلىتى خەتەردىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

گالېۋىز: «كىچىك ئادەملەر دۆلىتى پادىشاھىنىڭ ھاجىتىدىن چىقتىم، ئەمدى مېنىڭ ئەركىنلىككە چىقىدىغان ۋاقتىممۇ يېتىپ كەلدى» دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن گالېۋىز پادىشاھنىڭ ئەركىنلىك بېرىش ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ.



كىچىك ئادەملەر دۆلىتىنىڭ باش ۋەزىرى پادىشاھقا ۋاكالىتەن گالېۋىزغا قىممەت باھالىق بىر قارا شىلەپىنى تەقدىم قىپتۇ.

— مېنىڭ ئەركىنلىككە چىقىشىمچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ گالېۋىز.

— بۇنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت! — دەپتۇ باش ۋەزىر سۈرلۈك قىياپەتتە، — ئەگەر پادىشاھنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلساڭ، ئۇ سېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ.

باش ۋەزىرنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغان گالىۋېر قورقۇپ قاپتۇ. ئۇ دوختۇر بولغاچقا، زەھەرلىك دورىنىڭ تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ئەجەللىك قورال ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېزرەك قېچىپ كېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

بىر كېچىسى گالىۋېر ئۆزىنىڭ بارلىق نەرسە - كېرەكلىرى بېسىلغان بىر كىچىك كېمىنى سۆرەپ، بېلېفۇسكۇ دۆلىتىگە راۋان بوپتۇ.

گالىۋېر ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، بېلېفۇسكۇ پادىشاھىغا:

— مەن بۇ يەردە تۇرسام، كىچىك ئادەملەر دۆلىتى سىلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ! لېكىن، بۇ خىزمىتىمنىڭ بەدىلىگە سىلەر مېنىڭ يۇرتۇمغا قايتىشىمغا رۇخسەت قىلىشىڭلار كېرەك، — دەپتۇ.



بېلېفۇسكۇ پادىشاھى گالىۋېرنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ.

گالىۋېر بۇ ئارال دۆلىتىنىڭ دېڭىز قىرغىقىنى كۆزىتىپ يۈرۈپ، بىر كۈنى ساھىلدا تۇرغان بىر قېيىقنى كۆرۈپ قاپتۇ.

گالىۋېر ئون كۈن ئىشلەپ بىرنەچچە پالاق ياساپتۇ. بېلېفۇسكۇ پادىشاھى ياردەملىشىشكە بەش يۈز ئىشچىنى ئاجرىتىپتۇ. گالىۋېر ئۇلارغا باشچىلىق قىلىپ بىر ئاي ئىشلەپ قېيىققا يەلكەن بېكىتىپتۇ.

مېھماندوست ۋە سېخىي بېلېفۇسكۇلۇقلار گالىۋېرنىڭ قېيىقىغا پىشۇرۇلغان كالا، قوي گۆشلىرىنى، نۇرغۇن بولكا ۋە تۇڭ - تۇڭلاپ ئىچىملىكلەرنى قاچىلاپ بېرىپتۇ.

گالىۋېر بېلېفۇسكۇلۇقلار بىلەن خوشلىشىپ دېڭىز سەپىرىنى باشلاپتۇ. ئۇ بىرقانچە كېچە - كۈندۈز جاپا - مۇشەققەتلىك سەپەر قىلىپ، ئاخىرى ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەپتۇ.



# تىيىن بىلەن تاشپاقا

ئىتالىيە چۆچىكى

بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، ئىنتايىن چوڭقۇر بىر دەريا بولغاند-
كەن. بۇ دەريانىڭ ئۈستىدە بىر كۆۋرۈك بار ئىكەن. بىر دېھقانچىلىق
مەيدانىدىكىلەر ھەر كۈنى بىر مىنىبۇسقا ئولتۇرۇپ مۇشۇ كۆۋرۈكتىن
ئۆتۈپ شەھەرگە بارىدىكەن. شۇ تەرىقىدە كۆپ يىللار ئۆتۈپتۇ، كۆۋرۈكمۇ
بارغانسېرى كونىراپ كېتىپتۇ.

بىر كېچىسى كۆۋرۈك تۇيۇقسىز گۇمۇرۇلۇپ، ياغاچ - تاشلىرى دەريا-
دا ئېقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پاقا بىلەن بورسۇق ماشىند-
سى ھەيدەپ كېلىپ، كۆپچىلىككە قاراپ توۋلاپتۇ:

— شەھەرگە كىرىدىغانلار بىزنىڭ ماشىنىمىزغا ئولتۇرۇڭلار. باھاسى
ئەرزان، بىر ئورۇن بىر تەڭگە!

— كۆۋرۈك بۇزۇلۇپ كەتكەن تۇرسا، سىلەر ماشىناڭلارنى دەريادىن
قانداق ئۆتكۈزىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ توشقان خانقىز.

—دەريانىڭتۆۋەن ئېقىد-
نىدا بىر كىچىك كۆۋرۈك
بار. ئاپتوبۇس، مىنىبۇس
دېگەنلەر بۇ كۆۋرۈكتىن
ئۆتەلمەيدۇ. بىزنىڭ ما-
شىنىمىز كىچىك بولغاند-
دىكىن، ئۇنىڭدىن بىما-
لال ئۆتەلەيدۇ، — دەپتۇ
پاقا.



ھايۋانلار ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

— گېپىمىزنىڭ ئازراقمۇ يالغىنى يوق، — دەپتۇ، — بورسۇق، بىز كۆپچىلىكنىڭ شەھەرگە كىرىشكە ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، ھاجىتىڭلاردىن چىقايلى دەپلا شۇنداق قىلىۋاتىمىز. قېنى، ماشىنىمىزغا تېز چىقىڭلار!

كۆپچىلىك ماشىنىغا چىقىپتۇ، پەقەت تىيىن ھەدىلا چىقماپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ پۇلى يوق ئىكەن.

دەل شۇ چاغدا، بىر تاشپاقا ئۇمىلىگىنىچە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ تىت - تىت بولۇپ تۇرغان تىيىن ھەدىگە:

— ئەگەر سەن ماڭا بىر تال سەۋزە بەرسەڭ، مەن سېنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ شەھەرگە ئەكىرگەن بولاتتىم، — دەپتۇ.

تىيىن ھەدە بېشىنى چايقاپ:

— سەن بەك ئاستا ماڭىدىغان تۇرساڭ، ئىككىمىزنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە بىر ھەپتە ۋاقىت كەتمەمدۇ! — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دەپتۇ تاشپاقا خاتىرجەم ھالدا كۈلۈپ، — بىز سۇ يولى بىلەن ماڭساق، ئۇلاردىن بۇرۇن شەھەرگە كىرىپ بولىمىز!



— بوپتۇ ئەمىسە، دېگىنىڭدەك بولسۇن، — دەپتۇ تىيىن ھەدە.

شۇنداق قىلىپ، تىيىن ھەدە تاشپاقىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ، تاشپاقا «پالاق - پۇلۇق» قىلىپ ئىغاڭلاپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قاتتىق چايقالغان تىيىن ھەدە قورقىنىدىن:

— ۋاي، توختا، مەن چۈشۈۋالاي، ئۈستۈڭدىن دومىلاپ چۈشكىلىۋاتىمەن! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.



— ئازراق چىدا، دەرياغا چۈشۈۋالساقلا ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ تاشپاقا مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ.



راست دېگەندەك، تاشپاقا دەرياغا چۈشكەن هامان، سىلىق ئۈزگىلى
باشلاپتۇ.
تاشپاقىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇلار بىردەمدىلا شەھەرگە كىرىۋاپتۇ. ئۇلار
بازارغا بېرىپتۇ ۋە ئەڭ ئەرزان باهادا ئەڭ ياخشى موگۇلارنى سېتىۋاپتۇ.
پاقىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرغانلار چۈش بولاي دېگەندە بازارغا يېتىپ كەپتۇ
ۋە تيىن ھەدىنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قېلى-
شىپتۇ.
— سەن قانداق بولۇپ بىزدىن بۇرۇن كېلىۋالدىڭ؟ — دەپ سورىشىپتۇ
ئۇلار.
تيىن ھەدە كۈلگىنىچە كۆپچىلىك بىلەن چاقچاقلىشىپتۇ:
— ئېرىم ماڭا ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنى ۋە شوپۇرىنى ئەۋەتىپتۇ دەڭلار،
شۇ ماشىنا ئەكىلىپ قويدى! بولدى، خەير -
خوش، مەن هازىرلا ئۆيگە قايتمىسام بولمايدۇ!
تيىن ھەدە كۆپچىلىكنىڭ قېشىدىن كې-
تىپ قاپتۇ، تاشپاقا ئۇنى بىر چەتتە ساقلاپ
تۇرغانىكەن. تيىن ھەدىنىڭ
دوستلىرى ھەيران بولغان هالدا
بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي تۇ-
رۇپ قېلىشىپتۇ.
ئۇلار تيىن ھەدىنىڭ چى-
رايىنىڭ بۇنچە پارلاپ كېتى-
شى كىچىككىنە بىر باش سەۋ-
زىنى تاشپاقىغا بەرگەنلىكىنىڭ
كارامىتىدىن ئىكەنلىكىنى زا-
دىلا خىيالىغا كەلتۈرمەپتۇ!





此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com